# ھازىرقى تۇرمۇشىمىز گۈزەل ھەم خاتىرجەم

(بېشى 1 ـ بەتتە)

تېخىمۇ راھەت ئولتۇردىغان بولدۇق. ھويلا ـ ئارانى تۈزەش تۈرىنىڭ پايدىسىدىن ھويلىمىزنىڭ توپا تېمى سېمونت خىش تامغا ئۆزگەردى. ھويلىمىزنىڭ يەر يۈزى پۈتۈنلەي قاتتىقلاشتۇرۇلدى. ھويلىغا كىرگەندە، تەرتىپ بويىچە تۇرمۇش رايونى، تىرىكچىلىك رايونى، باقمىچىلىق رايونىغا ئايرىلىدۇ، پاكىز، رەتلىك بولۇپ، ئىلگىرىكى «ئۈچ رايون» ئايرىلمىغان كونا قىياپەتكە زادىلا ئوخشىمايدۇ، ئۆيدە ئۆي جاھازلىرى، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى تولۇق، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئايال خوجايىن يەنە سافاغا ئاق رەڭلىك يېپەك ياپقۇچ يېپىپ قويىدى. توك پار بولغاچقا، ئۆينىڭ سىرتىدا قەھرىتان سوغۇق بولسىمۇ، ئۆي ئىچى باھاردەك ئىللىق.

«ياخشى كۈنلەرنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتىدىن كەلگەن. بىز باش شۇجىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، كومپارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز.» 2014 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئابدۇقېيۇم تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلتىماس سۇنۇپ، پارتىيەنىڭ سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلغۇچى بولدى.

ھەسەنجان مەخەت كەنتتىكى نامرات ئائىلە بولۇپ، بۇ يىللاردا ئابدۇقېيۇمنىڭ كۆپ ياردىمىگە ئېرىشتى —— ئابدۇقېيۇم ئالدى بىلەن ھەقسىز يەر ئاغدۇرۇپ زىرائەتلەرنى يىغىپ بەردى، كېيىن كۆكتات تېرىش، كالا بېقىش تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى، يەنە ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى كەنتتىكى قول ھۈنەر بۇيۇملىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا قاتنىشىپ سۈپۈرگە بوغۇپ پۇل تېپىشقا تونۇشتۇردى.

«ھازىر ئائىلىمىزنىڭ يىللىق كىرىمى 80 مىڭ يۈەنگە يەتتى.» ھەسەنجان ئابدۇقېيۇمنى «بېيىش باشلامچىسى» دەپ ئاتىدى.

2017 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، ئابدۇقېيۇم شەرەپ بىلەن كومپارتىيە ئەزاسى بولدى.

«2017 ـ يىلىدىن ھازىرغىچە، كەنتتە يېڭىدىن 15 نەپەر پارتىيە ئەزاسىنى تەرەققىي قىلدۇردۇق، كۆپىنچىسى ئابدۇقېيۇمغا ئوخشاش ياش، ئىقتىدارلىق» دېدى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپىنىڭ كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت باشلىقى، كەنتنىڭ 1 ـ شۇجىسى شىن دېيىڭ.

### دەۋرگە يېتىشىۋېلىشقا ئىشەنچىم كامىل

«ئىلگىرى مەن ئاددىي ئائىلە ئايالى ئىدىم، ھېچقانچە كىرىمىم يوق ئىدى، سىرتلارغا چىقىپ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنىمۇ خالىمايتتىم. ھازىر ئۆزۈم پۇل تاپالايمەن، ياسىنىشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، يەنە بىلىم ئۆگىنىمەن».

ئىلگىرى ھەر قېتىم ئۆيگە مېھمان كەلسە، ئايشەمگۈل بالىسىنى كۆتۈرۈپ ئېرىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋالاتتى.

«ئىلگىرى ئالاقىدە ئېرىمگە تاياناتتىم، تۇرمۇشتىمۇ ئېرىمگە تاياناتتىم، ھازىر ئوخشىمايدۇ.» كۆز ئالدىمىزدىكى ئايشەمگۈل مەردانە بولۇپ، ئىشەنچكە تولغانىدى.

ئىشەنچ نەدىن كەلگەن؟ «ئۆزۈم پۇل تاپالايدىغان بولدۇم، قارىشىم ئۆزگەردى، تىلدىمۇ ئىلگىرىلىدىم» دېدى ئايشەمگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

2019 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، كەنت 2 مىليون يۈەن تۈر مەبلىغىنى قولغا كەلتۈرۈپ، تۆت پارنىك ياسىدى، گۈل ـ گىياھ ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇپ، گۈل ـ گىياھ كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇردى.

«بۇ، بېيىشنىڭ ياخشى يولى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ئۆستى، گۈللەرنى ساتالايمىز، كەنتىمىز ناھىيە بازىرىغا ئىككى كىلومېتىرمۇ كەلمەيدۇ، توشۇشتىنمۇ غەم قىلمايمىز.» ئابدۇقېيۇم دەرھال خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. «بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ» دېدى ئايشەمگۈل تەشەببۇسكارلىق بىلەن تەلەپ قىلىپ.

قىلىمەن دەپلا قىلدى. 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى ھويلىسىدىكى تۆت پۈك يەردىن پايدىلىنىپ گۈل ـ گىياھ پارنىكى ياسىدى. ئەترگۈل، تاشئالما، جۈنزىلەن... يېڭى سورتلارنى ئۈزلۈكسىز كىرگۈزۈش بىلەن بىللە، ئايشەمگۈل دائىم گۈل ـ گىياھ ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا بېرىپ گۈل پەرۋىش قىلىش تېخنىكىسىنى ئۆگەندى. يىل ئاخىرىدا ئايشەمگۈل بۇ گۈللەرگە تايىنىپ نەق 30 مىڭ يۈەن تاپتى.

ئۆزى پۇل تاپالايدىغان بولدى، گۈزەللىكنى سۆيىدىغان ئايشەمگۈل كەنتتىكى «گۈزەللەشتۈرۈش ئۆيى»گە خاتىرجەم كىرىدىغان بولدى.

«2018 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، ئاپتونوم رايونلۇق ئاياللار بىرلەشمىسى قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالدى بىلەن يېزا ـ كەنتلەردە ‹ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ ياساش› مىڭ دۇكان قۇرۇلۇشى تۈرىنى باشلاپ، ئاياللارنىڭ دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، گۈزەل تۇرمۇشقا ئىنتىلىشىگە يېتەكچىلىك قىلدى.» كوناشەھەر ناھىيەلىك پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى ياڭ چىلىيەننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ناھىيە مالىيەسى مەبلەغ ئاجرىتىپ بۇ «گۈزەللىك ئىشلىرى»نى قوللىغان، نۆۋەتتە، ناھىيە بويىچە 119 كەنتتىكى ھۆسن گۈزەللەشتۈرۈش ـ چاچ ياساش دۇكىنى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن.

«ئىلگىرى مەن ئاددىي ئائىلە ئايالى ئىدىم، ھېچقانچە كىرىمىم يوق ئىدى، سىرتلارغا چىقىپ باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشنىمۇ خالىمايتتىم. ھازىر ئۆزۈم پۇل تاپالايمەن، ياسىنىشنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، يەنە بىلىم ئۆگىنىمەن.» تۈن پەردىسى يېيىلدى، ئايشەمگۈل كەنت كومىتېتىدىكى دېھقانلار كەچلىك كۇرسىغا ئالدىراپ ماڭدى، «مەن يەنە كەنتتە يېڭىدىن تەسىس قىلىنغان ساياھەت ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ قانۇنىي ئىگىسى، پۇتۇڭخۇانى ياخشى ئۆگىنىسەم، كېيىنچە سىرتتىن ساياھەتچىلەر كەلسە، مەن ئۇلارنى كۈتۈۋالالايمەن».

2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئايشەمگۈل پارتىيەگە كىرىش ئىلتىماسى سۇندى. ئۇ مۇنداق دېدى: ئەگەر پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بولمىسا، مېنىڭ ۋە كەنتتىكى ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ھازىرقىدەك مۇشۇنداق گۈزەل ھەم خاتىرجەم تۇرمۇشى بولمايتتى. «مەن پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇشنى چىن دىلىمدىن ئارزۇ قىلىمەن».

### كۆپ يىللىق ئارزۇ ئىشقا ئاشتى

«مەن 30 نەچچە يىل كەنت كادىرى بولدۇم، ئىلگىرى قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ قىلالمىغان ئىشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن ھاياجانلاندىم».

«قولۇمغا ئېلىپ موي قەلەم، ‹جۇڭگو›نى يازدىم. شۈەنجى قەغىزىگە سىزدىم تاغ ـ دەريالارنى. قەلەم ـ سىياھ، قەغەز ۋە سىياھدان، يېزىقچىلىقتىكى تۆت گۆھەردۇر. ئۇزاق تارىختا ئىگىدۇر جۇڭخۇا مەدەنىيىتى.» ئابدۇقېيۇمنىڭ ئالتە ياشلىق ئوغلى ئابدۇغېنى ئابدۇقېيۇم يەسلىدە يېڭىدىن بالىلار قوشىقىنى ئۆگەندى. مانا بۇۋىسى روزى مەمەتنىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ شاكىچىكنىڭ دەرھال ئۆزىنى بىر كۆرسىتىپ قويغۇسى كەلدى.

«مەن 30 نەچچە يىل كەنت كادىرى بولدۇم، ئىلگىرى قىلىشنى ئويلىغان بولساقمۇ قىلالمىغان ئىشلارنىڭ بۈگۈنكى كۈندە رېئاللىققا ئايلانغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەقىقەتەن ئىنتايىن ھاياجانلاندىم». روزى كۈلۈپ تۇرۇپ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «بۇ كۈنلەرنىڭ ھەربىرى بايرام كۈن!»

ئىلگىرى ئاياغمەنگەن كەنتىدە ئادەم كۆپ، يەر ئاز بولۇپ، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر بىر موغىمۇ يەتمەيتتى، كۆپ ساندىكى كەنت ئاھالىسى ئاشۇ ئازغىنە يەرگە تايىنىپ كۈن كەچۈرەتتى. روزى مۇنداق دېدى: بۇ يىللاردا خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى، باش شۇجى كەلگەندىن كېيىن كەنتىمىزدىكى ئۆزگىرىشلەر بارغانسېرى چوڭ بولدى. «يېڭىدىن ئەمەن تاپقۇزۇپ، خەلقنى بېيىتىش ئۆيلىرى سېلىندى، يېڭىدىن ئاسفالت يوللار ياسالدى، ئاممىنىڭ بېيىش يوللىرى كېڭەيدى».

روزى ھازىر ھەر ئايدا «تۆت پېشقەدەم» (پېشقەدەم پارتىيە ئەزاسى، پېشقەدەم كادىر، پېشقەدەم نەمۇنىچى، پېشقەدەم ھەربىي)لەرنىڭ تۇرمۇش ياردەم تولۇقلىمىسى ۋە كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى بولۇپ جەمئىي 1450 يۈەن ئالىدۇ. «يېتىدۇ، مۇبادا ئاغرىپ قالسامۇ قورقمايمەن. ئىلگىرى ئالدى بىلەن پۇل تۆلەپ ئاندىن دوختۇرخانىدا ياتاتتۇق، ئاغرىپ قالساقلا كالىلىرىمىزنى سېتىشقا ئالدىرايتتۇق. ھازىر ئالدى بىلەن داۋالىنىپ ئاندىن ھەق تۆلەيمىز، ئاتچوت قىلىش نىسبىتى 85%».

يېڭىدىن قۇرۇلغان توققۇزاق بازارلىق يەسلىدە ھەقسىز ئوقۇغاندىن بۇيان، ئابدۇغېنى بارغانسېرى ئەقىللىق، چېچەن، شوخ، ئوماق بولۇپ كەتتى، بۇنىڭدىن روزى چىن دىلىدىن سۆيۈندى.

«ئابدۇقېيۇم باشلانغۇچ مەكتەپتىلا ئوقۇغان، ئەگەر كۆپرەك ئوقۇغان بولسا، كۈنلىرى چوقۇم ھازىرقىدىنمۇ ياخشى بولۇپ كېتەتتى.» ئىچ ـ ئىچىدىن ئەپسۇسلانغان روزى نەۋرىلىرىنىڭ تەربىيەلىنىشىنى ياخشى تۇتۇشقا بەل باغلىدى. «بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەم قىلىپ چىقىمەن».

**(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**

---

چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

## قاراقاش ناھىيەسى جاھانباغ يېزىسى داراسكال كەنتى ساياھەت كىچىك بازىرى بەرپا قىلدى ——

# كەنت ئاھالىلىرى ئىشىك ئالدىدىلا «ساياھەت تامىقى» يېيەلىدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى سۈك ياۋېن

رەتلىك، پاكىز ئاسفالت يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە، كاۋاپخانا، كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى، ناۋايخانا، قاشتاش دۇكىنى، قۇرۇق مېۋە دۇكىنى، تۈرلۈك ماللار دۇكىنى بىر ـ بىرىگە ياندىشىپ بولۇپ، 113 دۇكان قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەھرىتان قىشتىكى قەمەرىيە ئېيى گەرچە ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات پەسلى بولمىسىمۇ، لېكىن قاراقاش ناھىيە بازىرىنىڭ ئىككى كىلومېتىر جەنۇبىغا جايلاشقان قاشتاش كىچىك بازىرى يەنىلا قاينام ـ تاشقىنلىققا چۆمگەنىدى.

قاشتاش كىچىك بازىرى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ جاھانباغ يېزىسى داراسكال كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن ئۆيلەر، رەتلىك، پاكىز يېزا ـ كەنت يوللىرى، رەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قۇياش ئېنېرگىيەلىك يول چىراغلىرى... چىرايلىق مەپە ساياھەتچىلەرنى ئېلىپ بۇ يەرنى سەيلە قىلدۇرىدۇ، قىشلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مېھرىبان قېيۇم كۆز ئالدىدىكى بۇ يېڭى مەنزىرىدىن ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «يېرىم يىل ئۆيگە قايتمىسام، يۇرتۇمدا بۇنداق زور ئۆزگىرىش بولۇشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن، ئىلگىرى ساۋاقداشلىرىم بىلەن يىغىلىشساق ناھىيەگە باراتتۇق، ھازىر مەن ساۋاقداشلىرىمنى كەنتكە يىغىلىشقا تەكلىپ قىلىمەن».

قاراقاش ناھىيەسى ماڭلاي يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى، جاھانباغ يېزىسىنىڭ داراسكال كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى يۈەن سۇگېبىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، 2019 ـ يىلى كەنت «ھويلا ـ ئاران قىياپىتىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى ياخشىلاش، ئاھالىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش، ساياھەت كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش»نى نىشان قىلىپ، ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى كۈچەپ ياخشىلىغان، بۈگۈنكى كۈندە، كەنتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىش بولغان.

«كەنتىمىز ناھىيە بازىرىغا بىرقەدەر يېقىن، ئەتراپتا يەنە ۋوگزال، يولۇچىلار بېكىتى بار، يولۇچى ئېقىمى كۆپ. بىز بۇ ئەۋزەللىككە تايىنىپ كەنتتە ساياھەت، كۆڭۈل ئېچىش، ئىستېمال بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال كىچىك بازار بەرپا قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى ‹ساياھەت تامىقى› يېيەلەيدىغان قىلدۇق.» يۈەن سۇگېبىن مۇنداق دېدى: ھازىر، قاشتاش كىچىك بازىرىدا جەمئىي 113 دۇكان بار، 200 نەچچە ئائىلىلىك نامرات ئاھالىنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدۇق».

قاشتاش كىچىك بازىرىنىڭ كىرىش ئېغىزى يېنىدىكى بىر كاۋاپخانىغا كىرگىنىمىزدە، مەززىلىك پۇراق دىماققا ئۇرۇلدى، نۇرغۇن ساياھەتچىنى جەلپ قىلغانىدى. «ھازىر ئۆزۈمنىڭ دۇكىنى بار، كەنتتىلا پۇل تاپالايمەن.» داراسكال كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇراخمان شاكىرنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ئۇ ئىلگىرى كاۋاپخانا خوجايىنى بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىكەن. چۈنكى ئائىلىسىنىڭ يېرى بولمىغاچقا، ئابدۇراخمان ئىلگىرى خوتۇنى بىلەن ناھىيە بازىرىدا ئىشلەمچىلىك قىلاتتىكەن.

كەنتتە ساياھەت كىچىك بازىرى قۇرۇلغانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئابدۇراخمان كەنتكە قايتىپ كاۋاپخانا ئېچىشنى قارار قىلدى. «كەنت گۈزەللەشتى، ساياھەتچىلەر كەلدى، بۇنىڭ بىلەن چوقۇم تاماق يېيىش ئېھتىياجى تۇغۇلىدۇ.» دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولدى، 2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئابدۇراخماننىڭ كاۋاپخانىسى تىجارەت باشلاپلا كۆزدە خېرىدار بىلەن لىق تولدى، تىجارەت باشلاپ ئۈچ ئاي ئىچىدىلا، كىچىك دۇكان 40 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى.

قاشتاش كىچىك بازىرىدا، ئابدۇراخمانغا ئوخشاش «ساياھەت تامىقى» يەيدىغان كەنت ئاھالىلىرى ئاز ئەمەس. مۇخبىر كەنت ئاھالىسى ئارزىگۈل توختىنىڭ ئون كۋادرات مېتىرغىمۇ يەتمەيدىغان كىچىك دۇكىنىنىڭ خېرىدار بىلەن لىق تولغانلىقىنى كۆردى، ئۇ خېرىدارلارغا كىيىم تاللاپ بېرىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. «كەنتتە كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئاز، شۇڭا مېنىڭ سودام بىرقەدەر ياخشى» دېدى ئارزىگۈل ئالدىراشچىلىق ئىچىدە مۇخبىرغا.

دۇكان ئېچىشتىن بۇرۇن، ئارزىگۈل قاراقاش ناھىيە بازىرىدا ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، ئايلىق كىرىمى 1500 يۈەن بولسىمۇ، لېكىن مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۈچ بالىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايتتى. «كەنتنىڭ گۈزەللەشكەنلىكىنى، پاكىز بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، مەن قايتىپ كېلىپ كىيىم ـ كېچەك دۇكىنى ئېچىشنى قارار قىلدىم، بالىلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپلا قالماي، يەنە پۇل تاپالىدىم. تىجارەت باشلىغان تۈنجى ئايدىكى كىرىمىم ئىلگىرىكى ئىككى ئايلىق مائاشىمدىنمۇ يۇقىرى بولدى» دېدى ئارزىگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

«بۇ يىل ئەتىيازدا، بىز 100 مو رەڭلىك شال تېرىشنى پىلانلىدۇق، يەنە ئۈچ مېۋە ئۈزۈش باغچىسىنى پىلانلىدۇق، تېخىمۇ كۆپ ساياھەتچىنى كىچىك بازارغا كېلىپ ساياھەت قىلىشقا جەلپ قىلماقچى، كەنت ئاھالىلىرى بۇ يىل تېخىمۇ ياخشى كىرىم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ.» يۈەن سۇگېبىن مۇنداق دېدى: كېيىنكى قەدەمدە، كەنت يۇمشاق، قاتتىق ئەسلىھەلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تېخىمۇ كۆپ كەنت ئاھالىسىنى ساياھەتچىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

---

ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## لوپ ناھىيەلىك تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى مەمەتئابدۇللا ئوسمان:

# مەن شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى بولدۇم

ئاغزاكى بايان خاتىرىسى

مېنىڭ ئىسمىم مەمەتئابدۇللا ئوسمان، لوپ ناھىيەسىدىن، ھازىر خوتەندىكى بىر شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئىككى ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ مەسئۇلى. ھازىر مەن ھەر كۈنى ئىنتايىن ئالدىراش ئۆتسەممۇ، لېكىن ناھايىتى خۇشال، چۈنكى مەن بەختلىك تۇرمۇشقا ئۆزۈمنىڭ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىپ ئېرىشكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

مەن ئىلگىرى ئىنتايىن ئوچۇق ـ يورۇق، كېلىشكەن بىر يىگىت ئىدىم، 2011 ـ يىلى، مەن ئىچكىرى رايوندىكى بىر ئوتتۇرا تېخنىكوم مەكتىپىگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى ئىشلىتىش ۋە ئاسراشنى ئۆگەنگەن. ئۇ چاغدا مەن ئىنتايىن خۇشال ئىدىم، چۈنكى ئىچكىرى رايونغا بېرىپ مەكتەپتە ئوقۇش كىشىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇرىدىغان بىر ئىش ئىدى، يەنە كېلىپ ئۆزۈم قىزىقىدىغان كەسپنى ئۆگەنگەنىدىم.

بىر يىلى يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتقىنىمدا، تاغام مېنى ئىزدەپ كېلىپ، ماڭا: «سەن مۇسۇلماننىڭ بالىسى، سەن مەكتەپكە بارماستىن مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشۇڭ كېرەك، ناخشا ئېيتساڭ، ئۇسسۇل ئوينىساڭ بولمايدۇ، كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىغا بارساڭ تېخىمۇ بولمايدۇ، ‹كاپىر›لار بىلەن باردى ـ كەلدى قىلساڭ بولمايدۇ، ‹غازات› قىلىشىڭ كېرەك، مۇشۇنداق قىلساڭلا ئۆلگەندىن كېيىن جەننەتكە كىرەلەيسەن، بولمىسا دوزاخقا كىرىسەن» دېدى. تاغامنىڭ گەپلىرى ئىزچىل قۇلاق تۈۋىمدە ياڭراپ تۇردى.

مەكتەپكە قايتقاندىن كېيىن، ئەتراپىمدا ناخشا ئېيتىۋاتقان، ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئۇيغۇر ساۋاقداشلارنى كۆرسەم، ئۇلارنى «خائىن» «مىللىي مۇناپىق» دەپ تىللىدىم، ئۇلارغا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى سىڭدۈردۈم. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، مەن ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرىنى ساتىدىغان بىر شىركەتتە ئىشلىدىم، دائىم خىزمەتداشلىرىمغا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنى تەرغىب قىلاتتىم. مەن بېزەكچىلىك قىلىدىغان ئاكام ۋە ئۇنىڭ دوستلىرىغا: «كاپىر»لار بىلەن سودا قىلماڭلار، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشماڭلار دېدىم. ئاتا ـ ئانام مېنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتىم، پسىخكامنى كۆرۈپ ناھايىتى تىت ـ تىت بولۇپ، مېنى لوپ ناھىيەلىك كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلدى.

تەربىيە مەركىزىدە ئوقۇتقۇچۇم ماڭا: سەن تېخى ياش، خاتالىق ئۆتكۈزۈش قورقۇنچلۇق ئەمەس، مۇھىمى خاتالىقنى تۈزىتىش، سەن ئالدىڭغا قارىشىڭ كېرەك، دېدى. قانۇن بىلىملىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق، كاللام سەگەكلەشتى. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە، ئۆگىنىش نەتىجەم كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىپ، ئۆزۈمنى قاراڭغۇ ئۆيدىن چىققاندەك ھېس قىلدىم. مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ خەۋپى ۋە دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ رەزىللىكىنى چۈشەندىم، ئۆزۈمنىڭ ئىلگىرىكى قىلمىشلىرىمنىڭ قانۇنغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمىدە، مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى سەۋىيەم ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆستى. قىزىقىشىم، ياقتۇرۇشۇم بويىچە، مەن يەنە تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىنىڭ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش كەسپى ۋە كارخانا باشقۇرۇش دەرسىگە تىزىملىتىپ قاتناشتىم. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتەكلىشى ۋە ئۆزۈمنىڭ تىرىشچانلىقىدا، مەن ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر ۋە ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش ماھارىتىنى سىستېمىلىق ئىگىلىدىم.

تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مەن بىر شىركەتتە ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى رېمونت قىلىش ۋە سېتىش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم. خوجايىن مېنىڭ دۆلەت ئورتاق تىلىنى بارغانسېرى راۋان سۆزلەيدىغان بولغانلىقىمنى، يەنە كومپيۇتېر بىلىملىرىنى ئىگىلىگەنلىكىمنى، قانۇن بىلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، مېنى شىركەتنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، قارا مور ئۆستۈرۈش ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە گۆش ئۆردەك بېقىش ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلدى.

ھازىر ھەمكارلىق كوپېراتىپىمىز ئىشلەپچىقارغان قارا مور ئەتراپتىكى ھەرقايسى چوڭ سودا سارايلىرى، تاللا بازارلىرى ۋە ئاشخانىلارغا سېتىلىدۇ، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى مېنىڭ خىزمەتتە ئاكتىپ ئىكەنلىكىمنى، ئۆگەنگەن بىلىملىرىم ئارقىلىق شىركەتنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغانلىقىمنى ئېيتتى، مېنىڭ خىزمەت ئىقتىدارىم ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىم كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى.

ھازىر ئويلىسام، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى زەھەرلىك ئۆسمە ئىكەن، ئۇ مېنى كەلگۈسىنى كۆرەلمەيدىغان، يۆنىلىشنى كۆرەلمەيدىغان قىلىپ قويۇپتىكەن، ھۆكۈمەت ماڭا بىر پارلاق يولنى كۆرسىتىپ بەردى. ھازىر مەن ھەر ئايدا 5000 ـ 6000 يۈەن تاپالايمەن، كۆپ قىسىم مائاشىمنى دادامغا بېرىمەن. دادام ماڭا: ئۆگىنىپ ئالغا باسقاندىلا ئاندىن ئىستىقبالىڭ بولىدۇ، دېدى، شۇڭا مەن ئىزچىل تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزۈمنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ پۇل تاپىمەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

**(مۇخبىرىمىز جېڭ جو رەتلىگەن)**

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۈتۈن يىللىق خىزمەتلەرنى ياخشى باشلاشقا، قەدەمنى ياخشى تاشلاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: بۇ يىل ئالاھىدە خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل، شىنجاڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملاپ، پۈتۈن مەملىكەت بىلەن بىرلىكتە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرىدۇ. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى قەتئىي ھالدا ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ خىزمەت تەلىپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، بولۇپمۇ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى پۇختىلاپ، ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى ۋە مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە ھۆكۈمەت تارماقلىرى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات»تا بېكىتىلگەن كۆزلىمە نىشاننى چۆرىدەپ، ئەستايىدىل ھالدا ئۆلچەم، قانۇن ـ نىزام بويىچە نۇقتىلىق خىزمەت ۋەزىپىلىرىگە توغرىلىنىپ، يولغا قويۇش لايىھەسى تۈزۈپ، ۋەزىپىلەرنى تەقسىملەپ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ۋاقىت جەدۋىلى، يول خەرىتىسى تۈزۈپ، مەسئۇلىيەتنى ئادەمگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نىشان بەلگىلەپ جەڭ قىلىپ، تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىجتىمائىي مۇقىملىقتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ئالدىنقى شەرتنى مەھكەم، ياخشى تۇتۇپ، باشتىن ـ ئاخىر باش نىشاننى چۆرىدەپ، ھەرۋاقىت ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىشى، دائىم ھوشيار بولۇشى كېرەك؛ يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدىن ئىبارەت بۇ ئاچقۇچلۇق يۆنىلىشنى مەھكەم، ياخشى تۇتۇپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى چۆرىدەپ، «مىقدار»نىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى ۋە «سۈپەت»نىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك؛ «ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى»دە غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ مۇشكۈل ۋەزىپىنى مەھكەم، ياخشى تۇتۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ كەسىپلەر تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى مەھكەم، ياخشى تۇتۇپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرالايدىغان، رايون خاسلىقىغا ئىگە زامانىۋىلاشقان ئىقتىساد سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىشى كېرەك؛ خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتىن ئىبارەت بۇ ئەڭ زور سىياسىينى مەھكەم، ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، خەلق تۇرمۇشى ساھەسى سېلىنمىسىنى سىجىل زورايتىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: بۇ يىلقى تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى ياخشى تاماملاشتا، جەزمەن پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن كۆرۈنەرلىك نەتىجە ـ ئۈنۈمنى مۇقىملاپ، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىگە ۋە قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ھەقىقىي ئايلاندۇرۇپ، سىياسەت پۇرسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى سىجىل ئەلالاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدا تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، بىڭتۇەننىڭ سىلىڭيۈەنى پېڭ جيارۇي يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.